بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

ئىسلام ئاۋازى
30- سان
(قوش ھەپتىلىك گېزىت)

# بۇلاقتىن تامچە

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ لِلَّذِينَ كَفَرُوا إِنْ يَنْتَهُوا يُغْفَرْ لَهُمْ مَا قَدْ سَلَفَ وَإِنْ يَعُودُوا فَقَدْ مَضَتْ سُنَّتُ الْأَوَّلِينَ ۞ وَقَاتِلُوهُمْ حَتَّى لَا تَكُونَ فِتْنَةٌ وَيَكُونَ الدِّينُ كُلُّهُ لِلَّهِ فَإِنِ انْتَهَوْا فَإِنَّ اللَّهَ بِمَا يَعْمَلُونَ بَصِيرٌ ۞ وَإِنْ تَوَلَّوْا فَاعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ مَوْلَاكُمْ نِعْمَ الْمَوْلَى وَنِعْمَ النَّصِيرُ ۞﴾.

### ئايەتنىڭ تەرجىمىسى

«(ئى مۇھەممەد!) كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، ئەگەر ئۇلار (كۇفرىدىن، پەيغەمبەر بىلەن دۈشمەنلىشىشتىن) يانسا، ئۇلارنىڭ ئۆتكەنكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ؛ ئەگەر ئۇلار پەيغەمبەر بىلەن قايتا دۈشمەنلەشسە، پەيغەمبەرلىرىمنى ئىنكار قىلغانلارنى ھالاك قىلىش مېنىڭ تۇتقان يولۇم بولۇپ كەلدى (ئۇلارنىمۇ شۇنداق قىلىمەن) [38]. پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي الله ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار. ئەگەر ئۇلار (كۇفرىدىن) يانسا، الله ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى كۆرىدۇ [39]. ئەگەر ئۇلار (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈسە، (ئى مۇئمىنلەر!) بىلىڭلاركى، الله سىلەرنىڭ مەدەتكارىڭلاردۇر، الله نېمىدېگەن ياخشى مەدەتكار، نېمىدېگەن ياخشى ياردەمچى! [40]» (سۈرە ئەنفال 38- ئايەتتىن 40- ئايەتكىچە).

### ئايەتنىڭ تەپسىرى

بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە سەييىد قۇتۇب رحمه الله مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئاننىڭ بايان قىلىش ئۇسلۇبى بولسا ئۆزئارا ھەمكارلاشقان كۇفۇر ۋە ئۈستى-ئۈستىگە توپلاشقان رەزىللىكنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدە مانا بۇ خىل كەسكىن قارار چىقىرىش دەرىجىسىگە يېتىپ كەلگەن شۇ پەيتتە، خىتابنى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە قاراتتى. بۇنىڭدىن مەقسەت، كاپىرلارغا ئەڭ ئاخىرقى ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشتىن ئىبارەت.

قۇرئان خىتابنى يەنە مۇجاھىدلار سېپىگە قارىتىپ، مۇجاھىدلارنى زېمىندا پىتنە تۈگىگەن (يەنى كاپىرلارنىڭ سۆزى تۆۋەن، مۇسۇلمانلارنىڭ سۆزى ئۈستۈن بولغان)، دىن (يەنى بويسۇنۇش) پۈتۈنلەي الله ئۈچۈن بولغان ۋە مۇجاھىد گۇرۇھ ئۆزلىرىگە الله نىڭ ئىگە ھەم ياردەمچى ئىكەنلىكىگە خاتىرجەم بولغانغا قەدەر كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. شۇڭا مانا بۇ مۇجاھىد گۇرۇھ كىشىلەرنىڭ ھىيلە-مىكىر ۋە سۇيىقەستلىرى ئارقىلىق مەغلۇپ بولمايدۇ چۈنكى الله ئۇلارنىڭ ئىگىسى ۋە ياردەمچىسىدۇر.

<(ئى مۇھەممەد!) كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، ئەگەر ئۇلار (كۇفرىدىن، پەيغەمبەر بىلەن دۈشمەنلىشىشتىن) يانسا، ئۇلارنىڭ ئۆتكەنكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ؛ ئەگەر ئۇلار پەيغەمبەر بىلەن قايتا دۈشمەنلەشسە، ئۇلارنىڭ ئۆتكەنكى پەيغەمبەرلىرىمنى ئىنكار قىلغانلارنى ھالاك قىلىش مېنىڭ تۇتقان يولۇم بولۇپ كەلدى (ئۇلارنىمۇ شۇنداق قىلىمەن)>... دېمەك، ئۇلارنىڭ كۇفرىلىق قىلىش، ئىسلام ۋە ئۇنىڭ ئەھلىگە بىرلىكتە ئۇرۇش ئېچىش ھەمدە الله نىڭ يولىدىن توسۇشقا مال چىقىم قىلىش قاتارلىق جىنايەتلەردىن يېنىشلىرى ئۈچۈن پۇرسەت ئۇلارنى كۈتمەكتە، بۇ جىنايەتلەرنىڭ ھەممىسىدىن تەۋبە قىلىپ الله تەرەپكە قايتىپ كېلىشلىرى ئۈچۈن يول ئۇلارغا ئوچۇق تۇرماقتا. ئەنە شۇنداق تەۋبە قىلغاندا ئۇلار ئىلگىرىكى گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىش ھوقۇقىغا ئېرىشىدۇ چۈنكى ئىسلام ئۆزىدىن ئىلگىرىكى گۇناھلارنى يوق قىلىدۇ. ئىنسان ئىسلامغا كىرگەندە خۇددى ئانىسىدىن تۇغۇلغاندەك گۇناھتىن پاك ھالەتكە قايتىدۇ. مانا بۇ باياناتتىن كېيىن ئۇلار يەنە ئىلگىرىكى كۇفرىلىق ۋە تاجاۋۇزىغا قايتىدىغان بولسا الله نىڭ ئىلگىرىكىلەرگە تۇتقان قانۇنىيىتى بۇلارغىمۇ ئۆزگەرمەيدۇ. الله نىڭ قانۇنىيىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، دەلىل-ھۆججەتلەر يەتكۈزۈلۈپ ۋە بايان قىلىنىپ بولغاندىن كېيىنمۇ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىپ تۇرۇۋالغانلارنى الله قاتتىق ئازابلايدۇ شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئەۋلىيالىرىغا (يەنى مۇجاھىد بەندىلىرىگە) نۇسرەت، ئىززەت ۋە تەمكىنلىك (يەنى زېمىندا ئۈستۈنلۈك) نى رىزىق قىلىپ بېرىدۇ... مانا بۇ بولسا ئۆزگەرمەس قانۇنىيەتتۇر... كاپىرلار يولىنىڭ دوقمۇشىغا كېلىپ تاللاش ھوقۇقىغا ئىگە ھالەتتە تۇرماقتا!

بۇيەرگە كەلگەندە كاپىرلار ھەققىدىكى سۆزلەر ئاخىرلىشىپ قۇرئاننىڭ بايان قىلىش ئۇسلۇبى مۇئمىنلەرگە يۈزلىنىدۇ:

<پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي الله ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار>... دائىم يۈز بېرىدىغان جاھىلىيەت رېئاللىقى بىلەن قارشىلىشىشتا الله نىڭ بۇ سۆزى ئىسلام ھەرىكىتىگە دائىملىق بىر ھۆكۈمنى قارار قىلىدۇ...

ئىسلام ھەقىقەتەن زېمىندا ئىنساننى بەندىلەرگە بەندىچىلىك قىلىش ۋە ئۇنىڭ جۈملىسىدىن بولغان نەپسى-خاھىشىغا بەندىچىلىك قىلىشتىن ئازاد قىلىش چاقىرىقىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ چاقىرىق الله نىڭ يەككە ھالدىكى قۇلچىلىق قىلىنىش ۋە ئالەملەرگە پادىشاھلىق قىلىش ھوقۇقىنى ئېلان قىلىش ئارقىلىق بولىدۇ...

بۇ چاقىرىق ھەرخىل كۆرۈنۈش، ھەرخىل شەكىل، ھەرخىل تۈزۈم ۋە ھەرخىل قانۇنلاردا ئەكس ئەتكەن ئىنسانلار ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئومۇميۈزلۈك ئىنقىلاب ۋە ھەرخىل شەكىلدە ئىنسانغا مەنسۇپ بولۇۋاتقان زېمىننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى بارلىق تۈزۈملەرگە قارشى تولۇق ئىسيانكارلىق ھەمدە ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىقتىن ئىبارەت...

بۇ چوڭ غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاساسلىقى مۇنداق ئىككى ئىش تېپىلىشى زۆرۈر:

بىرىنچى، بۇ دىننىڭ ئېتىقادچىلىرىنى ئەزىيەت ۋە پىتنىدىن (يەنى زىيانكەشلىكتىن) ھىمايە قىلىش، ئۆزلىرىنىڭ ئىنسان ھۆكۈمرانلىقىدىن ئازاد بولغانلىقىنى ئېلان قىلىش، ئۆزلىرىنىڭ بەندىچىلىكىنى (يەنى قۇلچىلىقىنى) يەككە الله قا قايتۇرۇش ۋە ھەرخىل شەكىلدە بەندىلەرگە بەندىچىلىك قىلىشتىن ئازاد بولۇش قاتارلىقلار قۇرۇق گەپ بىلەن ئىشقا ئاشمايدۇ شۇڭا چوقۇم مۇشۇ ئومۇمىي چاقىرىققا ئىمان كەلتۈرۈپ ئۇنى رېئال دۇنيادا ئىجرا قىلىدىغان بۇ دىننىڭ ئېتىقادچىلىرىغا ئەزىيەت ۋە پىتنە ئارقىلىق تاجاۋۇز قىلغۇچى ياكى بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىشنى ئويلاۋاتقان كىشىلەرگە قورال كۈچى، بېسىم، ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە كۆرسەتمە بېرىش ۋاستىلىرى ئارقىلىق توسقۇنلۇق قىلغۇچى ھەر بىر تاغۇتقا قارشى جىھاد قىلىدىغان، رەھبەرلىك ئاستىدىكى ھەرىكەتچان گەۋدىگە ئىگە بىر مۇئمىن جامائەت مەيدانغا كېلىشى لازىم...

ئىككىنچى، يەر يۈزىدە ئىنساننىڭ ئىنسانغا ھەرخىل شەكىلدە قۇلچىلىق قىلىش ئاساسىغا قۇرۇلغان پۈتۈن كۈچلەرنى پاچاقلاپ تاشلاش بولسا زېمىن يۈزىدە الله نىڭ بىردىنبىر قۇلچىلىق قىلىنغۇچى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىشتىن ئىبارەت بىرىنچى غايىنىڭ كاپالىتى چۈنكى ئەڭ ئالىي بويسۇنۇش يەككە الله قا خاس. ئۇنىڭ ئۈستىگە دىن دېگەنلىك ــ الله نىڭ سۇلتانلىقىغا (يەنى ھۆكۈمرانلىقىغا) بويسۇنۇش دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ نوقۇل ئېتىقاد قىلىپ قويۇشلا ئەمەس...

بۇ يەردە <دىندا زورلاش يوق> دېگەن ئايەتنى چۈشىنىشتە كۆڭۈلنى تاتىلاۋاتقان شۈبھىنى بىر ئېچىپ بېرىشىمىز لازىم...

<دىن پۈتۈنلەي الله ئۈچۈن بولغانغا قەدەر...> دېگەننىڭ مەنىسى ــ تاغۇتلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ۋە جەمئىيەت ئەزالىرىنى ئەزگۈچى تۈزۈملەردە گەۋدىلىنىۋاتقان ماددىي توسالغۇلارنى يوق قىلىشتىن ئىبارەت شۇندىلا يەر يۈزىدىكى ھۆكۈمرانلىق پەقەت الله قىلا مەنسۇپ بولۇپ، بەندىلەر بۇ ۋاقىتتا ھېچبىر ئەزگۈچىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا باش ئەگمەيدۇ بەلكى پەقەت الله نىڭ ھۆكۈمرانلىقىغىلا بويسۇنىدۇ... ماددىي توسالغۇلار يوقالغاندا كىشىلەر ئەركىن قويۇپ بېرىلىدۇ؛ ئۇلار ھەرقانداق بېسىمدىن ئازاد بولغان ھالدا ئۆز ئەقىدىسىنى ئەركىن تاللايدۇ لېكىن بۇنىڭ شەرتى ــ ئىسلامغا مۇخالىپ ئەقىدىلەر باشقىلارغا بېسىم قىلىدىغان، ھىدايەتكە قىزىقىدىغانلارنى ھىدايەتكە ئەگىشىشتىن توسىدىغان ۋە الله نىڭ ھاكىمىيىتىدىن باشقا ھەر قانداق ھۆكۈمراندىن ئازاد بولۇشنى ئويلايدىغانلارغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان، ماددىي كۈچ-قۇۋۋەتكە ئىگە بولغان تەشكىلىي بىر گەۋدىدە ئىپادىلەنمەسلىكى كېرەك... ھەقىقەتەن كىشىلەر ئۆز ئەقىدىلىرىنى تاللاشتا ئەركىن لېكىن ئۇلار بۇ ئەقىدىلىرىگە يەككە شەخس سۈپىتىدە ئېتىقاد قىلىشلىرى شۇنداقلا بەندىلەرنى شۇ ئەقىدىلىرىگە مەجبۇرى بويسۇندۇرىدىغان ئەزگۈچى كۈچكە ئايلىنىپ قالماسلىقلىرى شەرت چۈنكى (ئىسلام تۈزۈمىدە) بەندىلەر ئۆز رەببىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن باشقا ھېچكىمگە بويسۇنمايدۇ. دىن (يەنى بويسۇنۇش) پۈتۈنلەي الله ئۈچۈن بولغاندىلا ئىنسانىيەت (يەنى مۇسۇلمان ۋە كاپىردىن ئىبارەت ئومۇمىي ئىنسان) الله ئاتا قىلغان ئىززەت-ھۆرمەتكە ئېرىشىپلا قالماستىن بەلكى زېمىندا ئازادلىققا ئېرىشىدۇ چۈنكى بۇيەردە الله تىن باشقىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنۇش مەۋجۇت ئەمەس. مۇئمىن گۇرۇھ دەل مۇشۇ ئالىي غايە ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ:

<پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي الله ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار>...

كىمكى بۇ يولنى قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭغا تەسلىم بولغانلىقىنى ئېلان قىلسا، مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ بۇ ئېلانىنى ۋە بۇ بويسۇنۇشنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۇنىڭ نىيىتىنى ۋە كۆڭلىگە يوشۇرغىنىنى تەكشۈرمەستىن الله قا قويۇپ بېرىدۇ: <ئەگەر ئۇلار (كۇفرىدىن) يانسا، الله ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر>...

كىمكى بۇ يولدىن يۈز ئۆرۈپ الله نىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشىلىشىۋەرسە، مۇسۇلمانلار الله نىڭ ياردىمىگە تايانغان ھالدا ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش ئاچىدۇ: <ئەگەر ئۇلار (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈسە، (ئى مۇئمىنلەر!) بىلىڭلاركى، الله سىلەرنىڭ مەدەتكارىڭلاردۇر، الله نېمىدېگەن ياخشى مەدەتكار، نېمىدېگەن ياخشى ياردەمچى!>...» («في ظلال القرآن»دىن ئېلىندى).

# دىنىي ئەھكاملار

## ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ئۇلار قۇرئاندىن بىرەر سۈرە، ياكى ئايەت، ياكى سۆزلۈك ۋە ياكى ھەرپنى ئىنكار قىلغان، ياكى ئۇنى قۇرئانغا قوشۇپ قويغان، ياكى قۇرئاندىن ئېلىۋەتكەن، ياكى «قۇرئاننىڭ ئايەتلىرى بىر-بىرىگە زىت» دەپ ۋە ياكى «قۇرئان بەزىبىر خۇراپاتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان» دەپ دەۋا قىلغان ھەر قانداق كىشىنى كاپىر دەپ قارايدۇ. ئۇلار شۇنىڭغا جەزمەن ئىمان كەلتۈرىدۇكى، قۇرئاننىڭ ھەربىر ئايىتى الله نىڭ دەرگاھىدىن نازىل قىلىنغان ۋە شەك-شۈبھىسىز بولغان مۇتىۋاتىر (يەنى يالغانچىلىققا تىل بىرىكتۈرۈۋېلىشى ئەقىلگە سىغمايدىغان دەرىجىدىكى كۆپ سانلىق كىشىلەر يەنە ئۆزىدىن كېيىنكى شۇنداق كۆپ سانلىق كىشىلەرگە ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد يەتكۈزۈش) دەرىجىلىك يول بىلەن بىزگە قەدەر يېتىپ كەلگەن.

ئۇ ــ ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ﷺ گە مەنسۇپ بولغان مەڭگۈلۈك ۋە ئىنتايىن چوڭ مۆجىزىدۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇسلۇبىدا، تۈزۈلۈشىدە، ھەر قايسى ساھەگە ئالاقىدار ئىلىملىرىدە، ھۆكۈملىرىدە، قانۇن بەلگىلەشلىرىدە، خەۋەرلىرىدە، تەسىرچانلىقىدا ھەمدە جەننەت ۋە دوزاخ ھەققىدىكى ۋەدىلىرىدە مۆجىزىدۇر. ئۇ ــ ساماۋىي كىتابلار (يەنى ئاسماندىن چۈشكەن كىتابلار)نىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولۇپ، ئەمەلدىن قالدۇرۇلمايدۇ ۋە ئۆزگەرتىلمەيدۇ چۈنكى الله تعالى ئۇنى يەر يۈزىدىن كۆتۈرۈۋېتىدىغان كۈنگە قەدەر ئۆزگەرتىۋېتىلىشتىن، ياكى ئالماشتۇرۇۋېتىلىشتىن، ياكى قوشۇپ قويۇشتىن ۋە ياكى كېمەيتىۋېتىشتىن ساقلاشقا كېپىل بولغان. بۇنىڭغا الله نىڭ تۆۋەندىكى سۆزى دەلىلدۇر: ﴿إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا الذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُ لَحَافِظُونَ﴾ «قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز» (سۈرە ھىجر 9- ئايەت).

ئۇ (يەنى قۇرئان) رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ دەۋرىدە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا يېزىلغان چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا ئەڭ ئېسىل ساھابىلەردىن تەشكىللەنگەن ۋەھيي كاتىپلىرى بار بولۇپ، ئۇلار پەيغەمبەر ﷺ دىن ئايرىلماستىن ھەربىر ئايەتلەرنى يېزىپ تۇراتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇ ئۇلارغا قۇرئان سۈرىلىرىدىكى ھەربىر ئايەتنىڭ جايلىشىدىغان ئورنىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. ئاندىن كېيىن بۇ كىتاب ئەبۇبەكرى سىددىق رضي الله عنه نىڭ دەۋرىدە ئىككى مۇقاۋىنىڭ ئارىسىغا توپلانغان. ئوسمان (رضي الله عنه) زىننۇرەيىننىڭ دەۋرىدە كاتتا ئۆلىما ساھابىلەر ۋە ۋەھيي كاتىپلىرىنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا بىر خىل شەكىل ئۈستىگە جەملەنگەن. ئۇ 114 سۈرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ 86 سى مەككىدە، 28 ى مەدىنىدە نازىل بولغان. پەيغەمبەر ھىجرىتىدىن ئىلگىرى نازىل بولغان سۈرىلەر «مەككە سۈرىسى» دەپ ئاتالسا، پەيغەمبەر ھىجرىتىدىن كېيىن نازىل بولغان سۈرىلەر «مەدىنە سۈرىسى» دەپ ئاتالغان. قۇرئاندىكى 29 سۈرە ئۈزۈك ھەرپلەر بىلەن باشلانغان. ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە بولسا قۇرئاننى ئۆگىنىش، ئۆگىتىش، يادلاش، چىرايلىق ئاۋاز بىلەن تىلاۋەت قىلىش، قىرائەت قىلىنغاندا ئۇنى ئاڭلاش، ئۇنى سەلەف سالىھلارنىڭ مەنھىجى بويىچە تەپسىر قىلىش ۋە ئۇنىڭدىكى چوڭ-كىچىك ئەھكاملارغا ئەمەل قىلىش قاتارلىقلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى: ﴿كِتَابٌ أَنْزَلْنَاهُ إِلَيْكَ مُبَارَكٌ لِيَدَّبَّرُوا آيَاتِهِ وَلِيَتَذَكَّرَ أُولُو الْأَلْبَابِ﴾ «(بۇ) ئۇلارنىڭ ئايەتلىرىنى تەپەككۇر قىلىشلىرى ۋە ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز-نەسىھەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن بىز ساڭا نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر» (سۈرە ساد 29- ئايەت).

(الله خالىسا داۋامى كېلەركىساندا)

# ھەدىس ئۈنچىلىرى

عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ تَعَالَى عَنْهُ قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ ﷺ يَقُولُ: «مَانَهَيْتُكُمْ عَنْهُ فَاجْتَنِبُوهُ وَمَا أَمَرْتُكُمْ بِهِ فَأْتُوا مِنْهُ مَا اسْتَطَعْتُمْ فَإِنَّمَا أَهْلَكَ الَّذِيْنَ مِنْ قَبْلِكُمْ كَثْرَةُ مَسَائِلِهِمْ وَاخْتِلَافُهُمْ عَلَى أَنْبِيَائِهِمْ» (رواه البخاري ومسلم).

### ھەدىسنىڭ تەرجىمىسى

ئەبۇ ھۇرەيرە رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: <مەن سىلەرنى نېمىدىن توسسام ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇڭلار ۋە نېمىگە بۇيرۇسام شۇنى كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە ئىجرا قىلىڭلار، سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن كىشىلەر كۆپ سوئال سورىغانلىقى ۋە پەيغەمبەرگە (يەنى پەيغەمبەرنىڭ بەرگەن جاۋابىغا) خىلاپلىق قىلغانلىقى سەۋەبلىك ھالاك بولۇپ كەتكەن>» (بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان).

### ھەدىستىن ئېلىنىدىغان پايدىلار

بىرىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بىر نەرسىدىن توسۇشى — شۇ نەرسىنىڭ ھاراملىقىنى ئۇقتۇرىدۇ لېكىن شۇ نەرسىنى ھاراملىقتىن مەكرۇھلۇققا ياكى مۇباھلىققا چۈشۈرۈۋېتىدىغان باشقا قەرىنە (يەنى ئايەت، ياكى ھەدىس، ياكى ئىجمائ ۋە ياكى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۆز قىلغاندىكى ھالىتى دېگەنلەرگە ئوخشىغان قوشۇمچە دەلىللەر) بولماسلىقى شەرت. مەسىلەن، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئېشەك گۆشىنى يېيىشتىن توسقانلىقى ھارامنى ئۇقتۇرىدۇ چۈنكى ئۇنى ھاراملىقتىن چۈشۈرىدىغان باشقا قەرىنە يوق ئەمما رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۆرە تۇرۇپ يەپ-ئىچىشتىن توسقانلىقى ھارامنى ئۇقتۇرمايدۇ چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ساھابىلەرنىڭ ئۆرە تۇرۇپ يەپ-ئىچكىنى — ئۇنى ھاراملىقتىن دۇرۇسلۇققا چۈشۈرىدىغان قەرىنىدۇر. (يەنى ئولتۇرۇپ يەپ-ئىچىش ئەۋزەل ئەمما ئۆرە تۇرۇپ يەپ-ئىچىش دۇرۇس.)

ئىككىنچى، ھەدىستە توسۇلغان نەرسە ھارام بولغان يەردە، الله تعالى قۇرئاندا توسقان نەرسە تېخىمۇ كۈچلۈك ھارامدۇر لېكىن بۇنىڭغىمۇ ھاراملىقتىن چۈشۈرۈۋېتىدىغان قەرىنە بولماسلىقى شەرت.

ئۈچىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھەدىستە بىر نەرسىگە بۇيرۇغانلىقى — ئۇنىڭ پەرزلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ لېكىن ئۇنى پەرزلىكتىن مۇستەھەبلىككە ياكى مۇباھلىققا چۈشۈرۈۋېتىدىغان قەرىنە بولماسلىقى شەرت. مەسىلەن، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ساقالنى قويۇۋېتىشكە بۇيرۇغانلىقى ساقالغا چېقىلماسلىقنىڭ پەرزلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ چۈنكى ئۇنى پەرزلىكتىن مۇستەھەبلىككە چۈشۈرۈۋېتىدىغان قەرىنە يوق ئەمما رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئاق چاچنى قارىدىن باشقا رەڭ بىلەن بوياشقا بۇيرۇغانلىقى — پەرز بولماستىن بەلكى مۇستەھەبتۇر چۈنكى ساھابىلەر بوياشنى تەرك ئەتكەندە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۇلارنى ئەيىبلىمىگەنلىك قەرىنىسى — چاچ بوياشنى پەرزلىكتىن مۇستەھەبلىككە چۈشۈرۈۋەتكەن.

تۆتىنچى، شەرىئەت تەكلىپلىرىگە ئالاقىدار ھۆكۈملەر بەش تۈرلۈك بولۇپ: 1. پەرز — تەرك ئەتسە گۇناھ بولىدىغان ئىشلار؛ 2. مۇستەھەب — بۇ ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، 1) تەكىتلەنگەن مۇستەھەب (بەزىلەر بۇنى سۈننەتى مۇئەككەدە دەپمۇ ئاتىشىدۇ) — تەرك ئەتسە گۇناھ ئەمەس بەلكى مەكرۇھ بولىدىغان ئىشلار. 2) تەكىتلەنمىگەن مۇستەھەب (بەزىلەر بۇنى سۈننەتى مۇستەھەببە دەپمۇ ئاتىشىدۇ) — تەرك ئەتسە گۇناھ ئەمەس بەلكى ئەۋزەلنى تەرك ئەتكەنلىك ھېسابلىنىدىغان ئىشلار؛ 3. مۇباھ — قىلسا ياكى تەرك ئەتسە ساۋابمۇ ئەمەس ياكى گۇناھمۇ ئەمەس ئىشلار؛ 4. مەكرۇھ — قىلسا گۇناھ بولمايدىغان، تەرك ئەتسە ساۋاب بولىدىغان ئىشلار؛ 5. ھارام — قىلسا گۇناھ بولىدىغان ئىشلار.

بەشىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بۇيرۇقى قەرىنىسىز كەلسە پەرزنى ئۇقتۇرغان بىلەن، قىلىقى (يەنى ئىش-ھەرىكىتى) پەرزنى ئۇقتۇرمايدۇ بەلكى (ناماز، روزا ۋە زىكىرلەرگە ئوخشاش) ئىبادەتكە ئالاقىدار بولسا مۇستەھەبنى، (يېمەك-ئىچمەك، يۈرۈش-تۇرۇش، نىكاھ، سودا ۋە جەڭ سىياسەتلىرىگە ئوخشىغان) مۇئامىلىلەرگە ئالاقىدار بولسا مۇباھنى ئۇقتۇرىدۇ. مەسىلەن، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ رۇكۇدىن ئىلگىرى ۋە كېيىنكى قول كۆتۈرۈشى مۇستەھەبنى ئۇقتۇرىدۇ ئەمما ئۆزىدىن چوڭ ئايال بىلەن نىكاھلىنىشى مۇباھنى ئۇقتۇرىدۇ.

ئالتىنچى، شەرئىي (يەنى شەرىئەتتە يوللۇق بولغان) زۆرۈرىيەت تېپىلغاندا ھارام يوق (يەنى ھارام قىلىنغان تائاملارنى جاننى ساقلاش ئۈچۈن يېيىش ياكى ئايال دوختۇر بولمىغاندا ئايال كىشى ئەر دوختۇرغا يالغۇز ۋە خالىي قالمىغان شەرت ئاستىدا تەكشۈرتۈش... قاتارلىقلار). كۈچ يەتمەي ئاجىز كەلگەندە پەرز يوق (يەنى پەرز ساقىت بولىدۇ).

يەتتىنچى، ئىستىتائەت (يەنى كۈچى يېتىش) بولسا شەرئىي (يەنى يوللۇق) ۋە ناشەرئىي (يەنى يولسىز) دەپ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

1. شەرئىي ئىستىتائەت — بىر پەرزنى ئىجرا قىلىشتا بەدەن ئەزالىرىمىزنىڭ كۈچى يېتىشى ھەمدە ماددىي تەييارلىق ۋە سەۋەبلەرنىڭ يېتىشىشى بىلەن بىرگە، بۇ پەرزنى ئورۇنلاشتىن كېيىنكى ئاقىۋەتتە كۈچلۈك زىيان كېلىپ چىقمىغان بولۇشىدىن ئىبارەت؛ 2. ناشەرئىي ئىستىتائەت بولسا شۇ پەرزنى قىلغاندىن كېيىنكى ئاقىۋەتتە چوڭ زىياننىڭ كېلىپ چىقىشى كۈچلۈك گۇمان ياكى جەزمىيلىك بىلەن بىلىنگەن ئىستىتائەتتۇر («مجموع الفتاوى» 41- توم 301- بەت). مەسىلەن، بەزى بەدەنىي ئىستىتائەتكە شۇ پەرزنى ئورۇنلىغۇچىنىڭ ئۆزى الله تىن قورققان ئاساستا ھۆكۈم قىلسا، بەزىسىگە ئىشەنچلىك دوختۇردىن باشقىسىنىڭ ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ. ئەسكىرىي ئىستىتائەتكە بولسا ئىشەنچ بىلەن تونۇلغان ۋە ۋاقىئىنى (يەنى ئەمەلىي رېئال ھالەتنى) بىلگەن ئەسكىرىي قوماندانىدىن باشقىسىنىڭ ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقى يوقتۇر. بۇ نۇقتىغا ئالىملار ئىجماغا (يەنى بىرلىككە) كەلگەن بولۇپ، ئىجماغا خىلاپ سۆز بىدئەت ۋە ئازغۇنلۇقتۇر.

سەككىزىنچى، كۆپ سوئال سوراش مۇسۇلمانلارنىڭ شەرئىي تەكلىپلىرىنى ئېغىرلاشتۇرۇپ قويۇشقا، ئۆزىگە مۇھىم بولمايدىغان ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈشكە ۋە گەرچە زىيىنى بولمىسىمۇ مەنپەئەتى يوق نەرسىنى سوراش... قاتارلىقلارغا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ شۇڭا رەسۇلۇللاھ ﷺ مىش-مىش گەپلەردىن، كۆپ سوئال سوراشتىن ۋە مالنى زايا قىلىۋېتىشتىن توستى.

سوئال سوراش ئىككى تۈرلۈك بولۇپ: بىرى، شەرئىي سوراش؛ يەنە بىرى، ناشەرئىي سوراشتىن ئىبارەت. شەرئىي سوراش ئىككى تۈرلۈك:

1. پەرز بولغان سوراش. بۇ ھەرقانداق مۇسۇلمانغا سوراش پەرز بولىدىغان ۋە ئۇنى سورىماي تاشلىۋېتىش دۇرۇس بولمايدىغان سوئاللار. مەسىلەن، دىن ئىشلىرى ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىدىن بىلمىسە بولمايدىغان ھۆكۈملەرنى ۋە مەسىلىلەرنى سوراش. بۇنىڭ مىسالى، بالاغەتكە يەتكەن كىشىنىڭ تاھارەت ۋە نامازنىڭ ئەھكاملىرىنى سورىشى؛ ساق ۋە مۇقىم بولغان كىشىلەرنىڭ رامىزان ئېيىدا رامىزانغا ئالاقىدار بولغان ھۆكۈملەرنى سورىشى؛ پۇل تاپقان ۋە زاكات بېرىشكە قۇربى يېتىدىغان كىشىلەرنىڭ زاكات ۋە ھەج ئەھكاملىرىنى سورىشى؛ تىجارەت قىلماقچى بولغان كىشىنىڭ سودا-سېتىقتا ئالاقىدار ھۆكۈملەرنى سورىشى؛ تۇرمۇش قۇرماقچى بولغان كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشتىكى ئەر-خوتۇنچىلىق، نىكاھ، تالاق ھۆكۈملىرىگە ئالاقىدار مەسىلىلەرنى سورىشى؛ مۇجاھىدلار سېپىدە تۇرۇۋاتقان كىشىلەرنىڭ جىھادقا ئالاقىدار ئەھكاملارنى سورىشى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا مۇكەللەپ (يەنى بالىغ ۋە ئاقىل مۇسۇلمان) كىشىنىڭ ئوخشىمىغان ھايات باسقۇچلىرىدا ئۆزىنىڭ ئەھۋالى بويىچە بىلمەيدىغان ھۆكۈملەرنى سورىغىنىغا ئوخشاش. بۇ ھەقتە الله تعالى سۈرە نەھلىنىڭ 34- ئايىتىدە مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَا أَرْسَلْنَا مِنْ قَبْلِكَ إِلَّا رِجَالًا نُوحِي إِلَيْهِمْ فَاسْأَلُوا أَهْلَ الذِّكْرِ إِنْ كُنْتُمْ لَا تَعْلَمُونَ﴾ «سەندىن ئىلگىرى بىز پەقەت ئەرلەرگىلا ۋەھيى نازىل قىلىپ، ئۇلارنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، (ئى قۇرەيش جامائەسى!) بۇنى بىلمىسەڭلار، ئىلىم ئەھلىلىرى (يەني تەۋرات ۋە ئىنجىلنى بىلگۈچىلەر)دىن سوراڭلار» ۋە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «ئىلىم ئۆگىنىش ھەرقانداق مۇسۇلمان ئەر-ئايالغا پەرزدۇر» دېگەن بۇ ھەدىسمۇ مۇشۇ مەزمۇننى ئىپادىلەيدۇ (بۇ ھەدىسنى بەيھەقى «شعب الإيمان»دا نەقىل قىلغان).

2. مۇستەھەب بولغان سوراش. بۇ — يېتەرلىك كىشىلەر ئىلىۋاتقان پەرز كۈپايە بىلىملەر، نەفلە ئىبادەتلەر ۋە مەكرۇھ ئىشلار ھەققىدە سوراشتۇر.

ناشەرئىي سوراش بولسا الله تعالى بەندىلىرىگە بىلدۈرمىگەن الله نىڭ خۇسۇسىي ئىلىملىرى، روھ، تەقدىرنىڭ سىرلىرى ۋە قىيامەتنىڭ ۋاقتى ھەققىدە سوراش ھەمدە ھەقىقەتپەرۋەر ئالىم-ئۆلىمالارنى مەسخىرە قىلىش، ئۇلارنى كۆزگە ئىلماسلىق ۋە ئەيىبلەش مەقسىتىدە سوراش... قاتارلىقلار. بۇ مەزمۇندا ئىمام بۇخارى رحمه الله ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رضي الله عنه دىن بىر ھەدىس نەقىل قىلغان بولۇپ، بۇ ھەدىستە ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «بىر قىسىم كىشىلەر رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن يېنىغا مەسخىرە سۈپىتىدە سوئال سوراش ئۈچۈن كەلدى. ئۇلاردىن بىرى: <مېنىڭ دادام كىم؟> دەپ ۋە تۆگىسى يۈتۈپ كەتكەن بىر ئادەم: <مېنىڭ تۆگەم نەدە؟> دەپ سورىدى، دەل مۇشۇ ھەقتە الله تعالى ئۇلارغا كايىپ سۈرە مائىدەنىڭ 101- ئايىتىنى نازىل قىلدى: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَسْأَلُوا عَنْ أَشْيَاءَ إِنْ تُبْدَ لَكُمْ تَسُؤْكُمْ وَإِنْ تَسْأَلُوا عَنْهَا حِينَ يُنَزَّلُ الْقُرْآنُ تُبْدَ لَكُمْ عَفَا اللَّهُ عَنْهَا وَاللَّهُ غَفُورٌ حَلِيمٌ﴾ <ئى مۇئمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە ئاشكارا قىلىنسا سىلەرنى بىئارام قىلىپ قويىدىغان نەرسىلەر توغرۇلۇق (پەيغەمبەردىن) سورىماڭلار. ئەگەر قۇرئان نازىل قىلىنىۋاتقان چاغدا ئۇلار توغرۇلۇق سورىساڭلار، سىلەرگە بىلدۈرۈلىدۇ. ئۆتكەندە سورىغانلىرىڭلارنى الله ئەپۇ قىلدى، الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ھەلىمدۇر (يەنى ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)>».

# يۇلتۇزلار چىمىرلايدۇ

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ئۈچىنچى، دىنىي تەلىماتلار بىلەن پەخىرلىنىش. ئۆمەير پەيغەمبەر ﷺ گە: «خەيرلىك سەھەر مۇھەممەد!» دەپ سالام قىلغاندا، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا الله تعالى نىڭ مۇسۇلمانلارنى جەننەت ئەھلىنىڭ سالىمى بىلەن ھۆرمەتلىگەنلىكىنى ۋە جاھىلىيەت سالىمى بىلەن سالام قىلىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ئۇقتۇرۇپ قويدى.

تۆتىنچى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ گۈزەل ئەخلاقى. پەيغەمبەر ﷺ ئۆمەيرنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن كەلگەنلىكىگە قارىماي ئۇنى ئەپۇ قىلدى ۋە ياخشى مۇئامىلە قىلدى شۇنداقلا ئۇ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلىنى ئەسىرلىكتىن ئازاد قىلدى.

بەشىنچى، دەۋەتچى بولۇش ئۈچۈن يېتەرلىك دەرىجىدە ئىلمى ۋە فىقھى سەۋىيە بولۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆمەيرنى دەۋەتكە يولغا سېلىشتىن بۇرۇن ئۇنى فەقىھ قىلىشقا ئەھمىيەت بەردى چۈنكى ئىلىمسىز ياكى چالا ئىلىم ھالەتتە دەۋەت قىلغان كىشىنىڭ بۇزغىنى تۈزىگىنىدىن كۆپ بولىدۇ. خۇددى بۈگۈنكى كۈندە بەزى دەۋەتچى قېرىنداش ۋە ھەمشىرىلەر چالا ئىلىم ھالەتتە دەۋەت قىلىپ مۇباھ نەرسىلەرنى مەكرۇھ ياكى ھارامغا، مەكرۇھ نەرسىنى ھارام ياكى كۇفرىغا شۇنداقلا مۇباھ نەرسىلەرنى سۈننەتكە، سۈننەتنى ۋاجىبقا ئايلاندۇرۇۋالغاندەك.

ئالتىنچى، مۇسۇلمانلارنىڭ دارۇل كۇفرىدا تۇرۇشىنىڭ كۇفرى ئەمەل ئەمەسلىكى بەلكى گۇناھ ئىكەنلىكى لېكىن بۇ گۇناھمۇ ئىسلامىي دۆلەتنىڭ ئەمىرى ياكى ساغلام جىھادىي جامائەتنىڭ ئەمىرى شۇنىڭغا بۇيرۇغاندا ياكى رۇخسەت قىلغاندا دۇرۇس بولىدىغانلىقى. ئەگەر بۇ ئىش كۇفرىلىق بولسا ئىدى رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەرگىزمۇ ئۆمەيرگە مەككىگە قايتىشقا رۇخسەت بەرمىگەن بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆمەير شۇ كۇفرى يۇرتىدا ئاشكارا ھالدا ئۆزىنىڭ ھەرقانداق شەخسى ھالەتتىكى پەرز ئىبادەتلىرىنى ئادا قىلىشقا ۋە ھارامنى تەرك ئېتىشكە، ھەتتا ئوچۇق-ئاشكارا دەۋەت قىلىشقا ھەم قادىر ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە تۈركىستانغا ئوخشاش شەخسى ھالدىكى پەرز ئىبادەتلەرنى ئاشكارا ھالدا تولۇق ئادا قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئازراق بىر قىسمىنىمۇ ئاشكارا قىلىشقا قادىر بولالماستىن ئەكسىچە گۇناھ ياكى كۇفرى ئىشلارغا مەجبۇرلىنىۋاتقان شۇ كىشىلەر ھىجرەتكە قادىر تۇرسىمۇ «سىز يۇرتقا قايتىپ خىزمەت قىلىڭ ياكى يۇرتنى كاپىرلارغا تاشلاپ بەرمەڭ» دېگەندەك ياغلىما سۆزلەر بىلەن پەرز ھىجرەتتىن توسۇشتىن ئىبارەت ئازغۇنلۇق ۋە بىدئەتچىلىكنى سادىر قىلىۋاتقان بىر بۆلەك ئاتالمىش ئەھلى ئىلىم ياكى چالا تالىپ كىشىلەر الله تىن قورقسۇن! بۇنداق شارائىتتا، ئەسلى مۇسۇلمانلار يۇرتى لېكىن كۇفۇر ھاكىمىيتى ئاستىدا قالغانلىقى ئۈچۈن كۇفۇر دىيارىنىڭ ھۆكۈمى بېرىلىدىغان بىلادۇل مۇسلىمىن (يەنى مۇسۇلمانلار يۇرتى) دىن ئىبارەت دارۇل كۇفرى (يەنى كۇپرى دىيارى) دا تۇرۇش پەقەت مۇسۇلمان سۇلتان ياكى ساغلام جىھادىي جامائەتنىڭ ئەمىرى ئىزنى بەرگەندە ياكى ھىجرەتكە قادىر بولالمىغاندا (يەنى پاسپورت ياكى ئىشەنچلىك قاچاق يولى يوق شارائىتتا) دۇرۇس بولىدۇ چۈنكى تۈركىستاننىڭ ھازىرقى شارائىتىغا ئوخشاش شارائىتتىكى مۇسۇلمانلارغا ھىجرەتنىڭ پەرز ئىكەنلىكى پۈتۈن ئۆلىمالار ئارىسىدا ئىجما (يەنى بىرلىك)غا كېلىنگەندۇر. بۇ ئىجمانى ئىبنى ھەجەر «فەتھۇلبارى»دا ۋە ئىمام نەۋەۋى «سەھىھ مۇسلىم»دىكى ئۇبادە ئىبنى سامىت رضي الله عنه نىڭ بەيئەت توغرىسىدىكى ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە نەقىل قىلغان. مەلۇم بولغىنىدەك، ئىجماغا كېلىنگەن فىقھى ھۆكۈم بولسا ئەقىدە مەسىلىسى ھېسابلىنىدۇ، بۇنىڭغا خىلاپ سۆز يۇقىرىسى كۇفرىلىق، تۆۋىنى بىدئەت ۋە ئازغۇنلۇقتۇر.

يەتتىنچى، ئۆمەيرنىڭ ئىمانىي كۈچى. ئۆمەير پەيغەمبەر ﷺ دىن رۇخسەت سوراپ ئۆزىنىڭ ئىسلامى ئارقىلىق بارلىق مەككە مۇشرىكلىرىگە قارشى تۇرۇش قارارىغا كەلدى ۋە شۇنىڭغا ئاتلاندى، نەتىجىدە ئۇنىڭ دەۋىتى ئارقىلىق نۇرغۇن كىشىلەر مۇسۇلمان بولدى. ئۆمەر رضي الله عنه: «ئۆمەير مىڭ كىشىگە باراۋەر كېلىدۇ» دېگەن ئىدى.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركىساندا)



# تارىخقا نەزەر

## قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى خاۋارىجلار

### تۆتىنچى ماۋزۇ: ئىبازىيلار پىرقىسى

بۇلارنىڭ ھەقىقىي ۋە بىرىنچى رەھبىرى بولسا جابىر ئىبنى زەيد ئەزدى بولۇپ، ئۇلار بۇ كىشىنى پۈتۈن رەھبەرلىرىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدۇ. ئۇلارنىڭ ئابدۇللا ئىبنى ئىبازغا نىسبەت بېرىلىپ «ئىبازىيە» دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، ئابدۇللاھ ئىبنى ئىبازنىڭ ئۆزىگە مۇخالىپ پىكىردە بولغان ھاكىملارغا قارشى مەيداننى كۆپلىگەن ئورۇنلاردا ئاشكارا ئىپادىلىگەنلىكى بىلەن مەشھۇر بولغانلىقىدىندۇر. بەزى ئالىملارنىڭ نەزىرىدە ئىبازىيە خاۋارىجلىرى باشقا خاۋارىجلارغا قارىغاندا بىر ئاز مۆتىدىلراق خاۋارىجلاردىن ھېسابلىنىدۇ. يەنە بەزى ئالىملارنىڭ نەزىرىدە بولسا ئىبازىيلار نۇرغۇن پىرقىلەرگە بۆلۈنىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى ھەفسىيەلەردۇر. ئۇلارنىڭ رەھبىرى ھەفسە ئىبنى ئەبۇ مىقدام بولۇپ، ئۇنىڭ «پەيغەمبەرلىكنى ئىنكار قىلىش، دوزاخ-جەننەتنى ئىنكار قىلىش ۋە كۆپلىگەن ھاراملارنى ھالال ساناش» دېگەندەك دىندىن چىقىرىۋېتىدىغان سۆزلىرى بار. ئىككىنچىسى بولسا يەزىدىيەلەردۇر. ئۇلارنىڭ رەھبىرى يەزىد ئىبنى ئەنىسە ياكى يەزىد ئىبنى ئەبۇ ئەنىسە بولۇپ، ئۇنىڭمۇ «رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن كېيىن يەنە پەيغەمبەر كېلىدۇ» دېگەندەك ئىسلامدىن چىقىرىپ تاشلايدىغان بىر قاتار سۆزلىرى بار. ئۈچىنچىسى، ھارىسىيە پىرقىسى. بۇلارنىڭ رەھبىرى ھارىس ئىبنى يەزىد ئىبازى بولۇپ، بۇلار ئۆزلىرىگە ئابدۇللاھ ئىبنى ئىباز، ئاندىن كېيىن قالسا ھارىس ئىبنى يەزىد ئىبازىيدىن باشقا ھېچكىمنىڭ رەھبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. تۆتىنچىسى، ئەسھابۇل ماقالات پىرقىسى بولۇپ، بۇلار «الله نىڭ رازىلىقى كۆزلەنمىگەن تائەت-ئىبادەت قىلغۇچىلار» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇندىن باشقا يەنە ئىبازىيلارنىڭ مەغرىبتە تۇرۇشلۇق ئالتە پىرقىسى بولۇپ، ئۇلار: نىكار، نىپاس، خەلفىيە، ھۇسەينىيە، سەككاكىيە، فەرەسىيە قاتارلىقلاردۇر.

بىرىنچى، نىكار پىرقىسى. بۇلار «ناكاس»، «شەغبىيە» ۋە «نەجۋىيە» دېگەن ئىسىملار بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇلار ھىجرىيىنىڭ 171- يىلى بەزىبىر سىياسىي ئىشلار سەۋەبلىك ئىبازىيلاردىن بۆلۈنۈپ چىققان ئەبۇ قۇدامە يەزىد ئىبنى فەندەين رەھبەرلىكىدە مەيدانغا كەلگەن.

ئىككىنچى، نىفاسىيە پىرقىسى. بۇلار «نىفاس» دېگەن ئىسىم بىلەن تونۇلغان فەرجان نەسىر نۇفۇسى دېگەن كىشىگە مەنسۇپ پىرقە بولۇپ، بەزىلەر ئۇنىڭ ئىسمىنى نىفاس ئىبنى نەسىر نۇفۇسى دەپمۇ ئاتىغان.

ئۈچىنچى، خەلفىيە پىرقىسى. بۇلار بولسا خەلىف ئىبنى سەمھ ئىبنى ئەبۇ خەتتاب ئابدۇلئەئلا مۇئافىرى دېگەن كىشىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇنىڭ بوۋىسى مەغرىبتىكى ئىبازىيلارنىڭ ئىمامى ئىدى.

تۆتىنچى، ھۇسەينىيە پىرقىسى. بۇلار ئەھمەد ئىبنى ھۇسەين ترابلۇسى دېگەن كىشىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇ «ئەبۇ زىياد» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ پىرقە ھىجرىيىنىڭ 3- يىلى مەيدانغا چىققان.

بەشىنچى، سەككاكىيە پىرقىسى. بۇلار ئابدۇللاھ سەككاك لىۋاتىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇ كىشى بىر ئۇستا زەرگەر ئىدى. ئۇ نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇغان بولۇپ، كۆپلىگەن مەسىلىلەردە ئىبازىيلارغا مۇخالىپ پىكىردە بولغان شۇنداقلا نۇرغۇن قوللىغۇچىلارغا ئېرىشكەن.

ئالتىنچى، فەرەسىيە پىرقىسى. بۇلار مەغرىبتىكى ئىبازىيە ئۆلىمالىرىدىن بىرى بولغان ئەبۇ سۇلايمان ئىبنى يەئقۇب ئىبنى ئەفلەھ دېگەن كىشىگە مەنسۇپ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىبازىيلارنىڭ ئىچىدە ئەجارىدە دەپمۇ پىرقە بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئۆزى ھەم 14 پىرقىگە بۆلۈنىدۇ. ئۇلار: مەيمۇنىيە، خەلفىيە، ھەمزىيە، شۇئەيبىيە، خازىمىيە، مەئلۇمىيە، مەجھۇلىيە، سەلەتىيە، سەئالبە، ئەخنەسىيە، مەئبەدىيە، شەيبانىيە، رەشدىيە، مەكرەمىيە پىرقىلىرىدۇر.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)




# پايدىلىنىش بىلىملىرى

(چاتما ماتېرىياللار)

## ئافغانىستان ۋاخان كارىدورىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ئافغانىستاننىڭ شەرقىي شىمالى قىسمىدا چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغان بۇ رايون 1880- يىللىرىدىن 1890- يىللىرىغىچە رۇسلار بىلەن ئەنگلىيىلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلار سەۋەبىدىن ئافغانىستاننىڭ تېررىتورىيىسىگە تەۋە بولغان بولۇپ، بۇ رايوننىڭ كۆپ قىسمى شەرقىي تۈركىستاندىن تارتىۋېلىنغان ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا رۇس ئىمپېرىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كىچىك خانلىقلار ۋە كىچىك ئىمارەتلەرنى كونترول قىلىش ئۈچۈن دىققىتىنى بۇ رايونلارغا قاراتقان ئىدى. برىتانىيە ئىمپېرىيىسى رۇسلارنىڭ ھەربىي ھەرىكىتىگە جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن ھىندىستان تۈزلەڭلىكىدىن پاكىستاننىڭ شىمالىي قىسىملىرىغا ۋە چاترال رايونلىرىغا ئەسكەر يۆتكىدى. لۇيىس دۇپرى بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «1891- يىلىغا كەلگەندە رۇسلار ۋاخان رايونلىرىنى ئېچىش ۋە ئۇ رايونلارنى ئۆزىگە قارىتىشنى مەقسەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئومۇمىي ۋەزىيەت شەرقىي شىمال تەرەپكە يۆتكەلدى. ئەگەر رۇسلار مەقسىتىگە يەتسە غەربىي شىمال تەرەپلەر قورشاۋغا ئېلىنىپ، برىتانىيە ئىمپېرىيىسىگە قاراشلىق ھىندىستان رايونلىرى بىلەن رۇس ئىمپېرىيىسى ئارىسىدا ئومۇمىي بىر چېگرا شەكىللىنىپ قالاتتى. ئۆزىنى خەتەر ئىچىدە دەپ قارىغان برىتانىيە ئىمپېرىيىسى بۇنىڭغا قارىتا ناھايىتى ئاكتىپلىق بىلەن ئىنكاس قايتۇردى ۋە رۇسلارنى كېلىشىم تۈزۈشكە مەجبۇرلىدى. بۇ ۋاقىتلاردا برىتانىيە ئىمپېرىيىسى بۇ رايوننىڭ ئومۇمىي خەلقئارالىق سىياسىي ئىشلىرىنى كونترول قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئافغان تېررىتورىيىسىنىڭ ئومۇمىي باشلىقى بولغان ئەمىر ئابدۇراھمان ئۆزىنى بۇ ئىشلارنىڭ سىرتىدا دەپ ھېس قىلاتتى. رۇس بىلەن برىتانىيە ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى رايونلارنى رۇسقا، ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنى ئافغانىستانغا تەۋە قىلىش ھەققىدە بىرلىككە كەلدى. برىتانىيە ئىمپېرىيىسى ئافغانىستان ھۆكۈمىتىنى يەر شەكلى ئېگىز، تېخى خەرىتىگە ئېلىنىپ باقمىغان ۋاخان كارىدورىنى كونترول قىلىشقا مەجبۇرلىدى. ئابدۇراھمان بۇ <سوۋغا>نى قوبۇل قىلمىدى چۈنكى ئۇنىڭ ئۆز خەلقى بىلەن بولغان قىيىنچىلىقىمۇ يېتەرلىك بولۇپ، ئۇ قىرغىز باندىتلىرى ياشايدىغان پامىر ۋە ۋاخان رايوننى ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسىگە كىرگۈزۈشنى خالىمايتتى».

لېكىن، بۇ رايون ۋە چېگرا بويلىرى ئابدۇراھماننىڭ ئۈمىد قىلغىنىنىڭ ئەكسىچە ئافغانىستانغا قوشۇلۇپ، ئافغانىستاننىڭ بىر قىسمى ھالىتىدە شەكىللىنىپ قالدى. يەنى برىتانىيە ئىمپېرىيىسى رۇس ئىمپېرىيىسى بىلەن بىۋاستە چېگرىلىنىشتىن ساقلىنىپ قالدى. «بىرلەشكەن چېگرالار كومىتېتى» دەپ ئاتالغان بىر ئورگان شەرقىي شىمالدىكى چېگرا رايونلارنى 1895—1896- يىللىرى بارلىققا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، تاكى 1964- يىلىغىچە بۇ چېگرا رايونى ئېنىقسىز ھالەتتە ئىدى، شۇ يىلى ئافغانىستان بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئوتتۇرىسىدا بۇ رايون ھەققىدە كېلىشىم تۈزۈلدى، ۋاخان ۋە چوڭ-كىچىك پامىر رايونلىرى ئافغانىستاننىڭ بەدەخشان ئۆلكىسىگە تەۋە قىلىندى. بۇ رايوننى ئافغانىستان دۆلىتىنىڭ باشلىقى ۋە ھازىرقى ئافغانىستان دۆلىتىنىڭ دۆلەت ئاتىسى بولغان ئەمىر ئابدۇراھمان 1888- يىلى ئۆز كونتروللۇقىغا كىرگۈزگەن ئىدى. 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا شەكىللەنگەن بۇ چېگرا رايونلىرى ھازىرغىچە پاكىستان، تاجىكىستان، ئافغانىستان ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ چېگراسى بولۇپ تۇرماقتا.

ۋاخان رايونىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋەقە بولسا 1978- يىلى تاراكى كوممۇنىست ھۆكۈمىتى سۇر قوزغىلىڭى (يەنى قىزىل قوزغىلاڭ) ئارقىلىق ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىۋالغان ۋاقىتتا، كىچىك پامىر رايونىدىكى قىرغىزلارنىڭ رەھبىرى راھمان گۇلخان، تاراكىنىڭ كوللېكتىپ باشقۇرۇشىدىن قورقۇپ 1200 دەك قىرغىزلارنى مال-چارۋىلىرى بىلەن بىرلىكتە ۋاغجىر ئۆتۈشمىسى (Waghjir) ئارقىلىق پاكىستاندىكى گىلگىتقا كۆچۈرۈپ كەتكەن ۋەقەدۇر. بۇلارنىڭ «ئۆزىنى ئۆزى قوغلاندى قىلىشى» رۇسلارغا پايدىلىق بولغان بولۇپ، رۇسلار مۇجاھىدلارنىڭ بۇلاردىن پايدىلىنىپ شەرقىي تۈركىستاندىن قورال-ياراق سېتىۋېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى شۇڭا رۇسلار بۇلارنىڭ قايتىپ كېلىشىنى خالىمىغان. پاكىستاننىڭ گىلگىت رايونىدا بۇلار مال-چارۋىلىرىنى سېتىۋېتىشكە مەجبۇرلانغان. 1983- يىلى بۇلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدە كۆپلىگەن مۇنازىرىلەر بولۇپ ئۆتكەن بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ ئالياسكا شتاتىمۇ بۇلار ئۈچۈن بىر تاللاش ئوبيېكتىغا ئايلانغان ئەمما بۇلار تۈركىي خەلق بولغانلىقى ئۈچۈن تۈركىيە بۇلارغا ئۆز دۆلىتىدىن ئورۇن بېرىشكە ماقۇل بولغان. شۇنىڭ بىلەن بۇلارنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئايروپىلان بىلەن تۈركىيەگە يۆتكەپ، تۈركىيىنىڭ شەرقىدىكى لاكىۋان (Lake Van) دېگەن جايغا ئورۇنلاشتۇرغان (بۇ رايوندا پۈتۈنلەي كۇردلار بار بولۇپ، كۇردلارمۇ ئوخشاش سەۋەب بىلەن بۇ رايونغا كېلىپ قالغان). بۇ يەردىكى بەزى قىرغىزلارنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا قىرغىزىستانغا كۆچۈپ كەتكەنلىكى ھەققىدە مەلۇماتلار بار.

يۇقىرىقى ۋەقەدە كۆچۈپ كەتمىگەن قىرغىز ئائىلىلەر كىچىك پامىردا قالغان، چوڭ پامىردىكى قىرغىز ئائىلىلەر كۆچۈپ كەتمىگەن ۋە كېيىنكى 24 يىلدا ئۇلارنىڭ ۋە مال-چارۋىلىرىنىڭ سانىمۇ كۆپەيگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، 35 كە يېقىن قىرغىزلار تۈركىيىگە كەتمىگەن ۋە كۆچمەن ھالىتىدە پاكىستاندا قالماي قايتىپ كەلگەن. پامىردىكى قىرغىزلارنىڭ مال-چارۋىلىرىنىڭ سانى كۆپىيىپ كەتكەن. قىرغىزلارنىڭ «ئىسمى بار جىسمى يوق» رەھبىرى راھمان گۇلخاننىڭ جىيەنى ئەپەندىبەي بوزۇيگۇمبەز (Bozoi Gubaz)دە ياشىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ناھايىتى كۆپ مال-چارۋىلىرى بولغان (بەزىلەر ئۇنىڭ مال-چارۋىلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى ئىپادىلەپ 10 مىڭغا يېقىن مال-چارۋىسى بار ئىدى دېيىشىدۇ). ھازىرقى ۋاقىتتا 100 گە يېقىن قىرغىز ئائىلىلىرى كىچىك پامىردا ياشايدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەپيۇنخۇمارلىق ئەۋج ئالغان بولۇپ، بۇ — ئۇ يەردىكى ئەڭ ئېغىر ئىجتىمائىي مەسىلە ھېسابلىنىدۇ.

ئىشكەشىم بىلەن ۋاخان ۋە پامىر رايونىنىڭ كېسىشىش نۇقتىسىدىكى قەلئەيپەنجىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاساسىي ۋاخان كارىدورىدا نۇرغۇن يەرلەر بولۇپ، بۇ يەرلەردىن بىر تاشنىڭ دەريالاردىن ئېقىپ تاجىكىستاننىڭ ئاسفالت يوللىرىغا ئۆتۈپ كېتىشى ناھايىتى ئاسان.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

## پەيغەمبەر تىبابىتى

## بىلىۋېلىڭ-ئېلىۋېلىڭ

### كەپتەر گۆشى

كەپتەر گۆشى ھۆل ئىسسىق. ياۋا كەپتەرنىڭ ھۆللۈكى ئازراق، باچكىسى ھۆلرەك. بولۇپمۇ ئۆي كەپتىرىنىڭ باچكىسى، ئۈچۈرما بولغان باچكىنىڭ گۆشى يەڭگىل، ئوزۇقلۇقى ياخشى. ئەركەك كەپتەرنىڭ گۆشى ئەزالارنىڭ بوشىشىپ كېتىشى، سېزىمنى يوقىتىش، سەكتە، تىترەك... كېسەللىرىگە شىپا (إن شاء الله). كەپتەرنىڭ تىنىقىنى پۇراش ۋە باچكىسىنى يېيىش ئايالالارغا مەنپەئەتلىك، قاننى تولۇقلايدۇ (إن شاء الله).




■ 7- ئاينىڭ 21- كۈنى پەلەستىنىنىڭ خولمىش يېزىسىدا بىر نەپەر پەلەستىنلىك قېرىندىشىمىز تاجاۋۇزچى يەھۇدىي ئەسكەرلىرىگە قارشى ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 3 نەپەر ئەسكەرنى ئۆلتۈرۈپ 1 نەپىرىنى يارىلاندۇرغان. ئاخىرىدا بۇ قېرىندىشىمىز يەھۇدىي ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان.

■ 7- ئاينىڭ 21- كۈنىدىن باشلاپ سۈرىيىنىڭ دەمەشىق شەھىرىنىڭ غەربىي قەلەمۇن رايونىدا لىۋان ھىزبۇللات ئەسكەرلىرى بىلەن بەششار ئەسەد ئەسكەرلىرى بىرلىشىپ مۇجاھىدلارنى بۇ رايوندىن چېكىندۈرۈش ئۈچۈن كۆپلىگەن ئەمەلىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، الله نىڭ مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىزنى سابىت قىلىشى بىلەن بۇ شەيتان قوشۇنلىرى خار ھالەتتە چېكىنگەن، نەتىجىدە مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز ھىزبۇللات ئەسكەرلىرىدىن 200 دىن كۆپرەكىنى ئۆلتۈرۈپ 250 دىن ئارتۇقىنى يارىلاندۇرغان، بىر نەپەر ھىزبۇللات ئەسكىرىنى ئەسىرگە ئالغان ۋە بىر دانە تانكا، 2 دانە تراكىس، 3 دانە ئەسكىرىي ماشىنا، بىر دانە كونكرىس ۋە ئىككى دانە جاسۇس ئايروپىلاننى غەنىيمەت ئالغان.

■ 7- ئاينىڭ 22- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ بەگرام ھەربىي بازىسى ئەتراپىدا ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ چوڭ تىپتىكى بىر دانە يۈك توشۇغۇچى ئايروپىلاننى ئېتىپ چۈشۈرۈۋەتكەن، نەتىجىدە ئايروپىلان ئىچىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلگەن.

■ 7- ئاينىڭ 23- كۈنى ئافغانىستاننىڭ قۇندۇز ۋىلايىتىنىڭ قۇندۇز شەھىرى ئەتراپىدا ئامېرىكا تاجاۋۇزچى ئەسكەرلىرى ۋە مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرى مۇسۇلمان خەلق ئاممىسىغا قارشى ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ كۆپلىگەن بىگۇناھ مۇسۇلمانلارنى شەھىد قىلغان. بۇ ئىش يۈز بەرگەندىن كېيىن ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى شەھىد قىلىنغان بىگۇناھ مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىش مەقسىتىدە قۇندۇز ۋىلايىتىنىڭ بەلاخسار رايونىدىكى بىر ئەسكىرىي بازىنى قاتتىق بومباردىمان قىلىپ 3 نەپەر ئامېرىكا ئەسكىرىنى جەھەننەمگە ئۇزاتقان.

■ 7- ئاينىڭ 23- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ فەرياب ۋىلايىتى لاۋلاش رايونى بىلەن غور ۋىلايىتىنىڭ تايۋارا رايونىنى فەتھ قىلغان، نەتىجىدە 329 نەپەر مۇرتەد ئارمىيە ئەسكىرىنى ئۆلتۈرۈپ، نۇرغۇنلىغان قورال-ياراق ۋە ئوق-دورىلارنى غەنىيمەت ئالغان.

■ ئىسرائىلىيە تاجاۋۇزچى ئەسكەرلىرى مەسجىدۇل ئەقسانى تاقاپ، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزغا جۈمە نامىزىنى ئوقۇتمىغان سەۋەبلىك 7- ئاينىڭ 24- كۈنى ئىئوردانىيە پايتەختى ئوممانىدا مۇھەممەد زەكەرىيا ئىسىملىك 17 ياشلىق قېرىندىشىمىز ئىسرائىلىيە ئەلچىخانىسىغا كىرىپ بىر يەھۇدىينى پىچاقلاپ ئۆلتۈرگەن، ئاخىرىدا بۇ قېرىندىشىمىز شەھىد قىلىنغان. بۇ ئىشتىن چۆچۈگەن ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتى ۋەقە يۈز بېرىپ ئەتىسى ئىئوردانىيىدىكى ئەلچىخانىسىنى دەرھال ئىشتىن توختاتقان.

■ 7- ئاينىڭ 24- كۈنى ئافغانىستاننىڭ پايتەختى كابۇلنىڭ ھابورى رايونىدا بىر نەپەر مۇجاھىد قېرىندىشىمىز ئىستىخبارات ئەمەلدارلىرى كېتىپ بارغان ماشىنىلارغا قارشى پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، 37 نەپەر ئىستىخبارات ئەمەلدارىنى جەھەننەمگە ئۇزاتقان.

■ 7- ئاينىڭ 25- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ پاكتىيا ۋىلايىتى جەنافىل رايونىنى فەتھ قىلغان، نەتىجىدە 19 نەپەر مۇرتەد ئارمىيە ئەسكىرىنى ئۆلتۈرۈپ، 16 نەپىرىنى ئەسىر ئالغان. 7 دانە ھاممىر ماشىنا، 7 دانە ئەسكىرىي ماشىنا ۋە كۆپ مىقداردا قورال-ياراق ۋە ئوق-دورىلارنى غەنىيمەت ئالغان.

■ 7- ئاينىڭ 28- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ ھېلمەند ۋىلايىتى دىۋار تالىب رايونىدىكى بىر ساقچى مەركىزىگە قارشى ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان. 3–4 سائەت قاتتىق جەڭ قىلىش نەتىجىسىدە بۇ ساقچى مەركىزى ۋە ئىككى دانە بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتى فەتھ بولغان، 25 نەپەر ئەسكەر ئۆلگەن ۋە 3 دانە ئەسكىرىي ماشىنا ۋەيران بولغان. كۆپ مىقداردا قورال-ياراق ۋە ئوق-دورىلار غەنىيمەت چۈشكەن.

■ 7- ئاينىڭ 31- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ پاكتىيا ۋىلايىتى لوۋارا رايونىدا مۇرتەد ئارمىيىگە قارشى ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 3 ئورۇندىكى بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتى فەتھ بولغان، 25 نەپەر مۇرتەد ئەسكەر ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

■ سۈرىيىدە 7- ئاي ئىچىدە بەششار ئەسەد ئارمىيىسىنىڭ 21 دانە تانكىسى ۋەيران بولغان.

■ 8- ئاينىڭ 1- كۈنى كەچتە ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ نەنگارھار ۋىلايىتى سىپىنغاد رايونىدا ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ بىر دانە تىكئۇچار ئايروپىلاننى ئېتىپ چۈشۈرگەن، نەتىجىدە ئايروپىلان ئىچىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى جەھەننەمگە ئۇزىغان.

■ 8- ئاينىڭ 2- كۈنىدىكى خىتاينىڭ ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدا ئېلان قىلىنغان خەۋىرىدە، خىتاينىڭ جەنۇبىي ۋە غەربىي قىسىم رايونلىرىدا قاتتىق يامغۇر ياغقانلىقى سەۋەبىدىن كەلكۈن ئاپىتى ۋە تۇپراق كۆچۈش ئاپىتى يۈز بەرگەن، نەتىجىدە 10 نەپەر خىتاي ئۆلۈپ، 4 نەپىرى يوقاپ كەتكەن. 196 مىڭ نەپەر ئادەم ئاپەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

■ 8- ئاينىڭ 2- كۈنى ئافغانىستاننىڭ قەندەھار ۋىلايىتىنىڭ قەندەھار شەھىرىدە بىر نەپەر مۇجاھىد قېرىندىشىمىز ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ماشىنا ئەترىتىگە قارشى پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە ئامېرىكا ئەسكەرلىرىدىن 15 نەپىرى ئۆلگەن ۋە 2 دانە تانكا ۋەيران بولغان.

■ 8- ئاينىڭ 2- كۈنى كەچتە، ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى كېنىيىنىڭ لەفى يېزىسىدىكى مۇرتەد ئارمىيىگە قارشى كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 3 نەپەر ساقچى باشلىقىنى ئۆلتۈرۈپ، 8 دانە ئەسكىرىي ماشىنىنى ۋەيران قىلغان. بىر دانە ئەسكىرىي ماشىنىنى غەنىيمەت ئالغان. ئۇندىن باشقا يەنە ئون نەچچە مۇسۇلمان قېرىندىشىمىزنى ئەسىرلىكتىن قۇتقۇزغان.

■ 8- ئاينىڭ 3- كۈنى جىبۇتىنىڭ ئەسكىرىي ئايرودرومىدىن سومالىغا قاراپ ئۇچقان بىر تىكئۇچار ئايروپىلان ئايرودرومدىن كۆتۈرۈلۈش جەريانىدا چۈشۈپ كەتكەن، نەتىجىدە 40 يىللىق بىر ھاۋا ئارمىيە گېنېرالىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 3 نەپەر ئەسكەر جەھەننەمگە ئۇزىغان.

# ئەرەب تىلى ئۆگىنىمەن

| سۆزلۈكلەر | | جۈملىلەر | |
|---|---|---|---|
| خَيْطٌ | يىپ | هَلْ عِنْدَكَ خَيْطٌ | سەندە يىپ بارمۇ؟ |
| مِقَصٌّ | قايچا | هَاتِ بِمِقَصٍّ يَا مَحْمُودُ! | مەھمۇد، قايچىنى ئېلىپ بەر! |
| فُرْشَاةُ أَسْنَانٍ | چىش چوتكىسى | أَيْنَ فُرْشَاةُ الْأَسْنَانِ يَا أُمِّي؟ | ئاپا! چىش چوتكام قەيەردە؟ |
| نِقَابٌ | نىقاب (ئاياللارنىڭ يۈز ياپقۇسى) | إِشْتَرَيْتُ بِنِقَابٍ لِأُخْتِي | سىڭلىمغا نىقاب ئېلىپ بەردىم |
| طِفْلٌ | بوۋاق | مَرِضَ طِفْلِي الْيَوْمَ قَلِيْلًا | بۈگۈن بوۋىقىمنىڭ تازا مىجەزى يوق |
| زِرٌّ | تۈگمە | إِنْقَطَعَ زِرُّ ثَوْبِي يَا أُمِّي | ئاپا! كىيىمىمنىڭ تۈگمىسى ئۈزۈلۈپ كەتتى |
| مَنْزِلٌ | ئۆي | أَيْنَ مَنْزِلُكُمْ؟ | سىلەرنىڭ ئۆيى قەيەردە؟ |
| أُسْرَةٌ | ئائىلە | الْمُدَرِّسُونَ فِي أُسْرَتِنَا كَثِيْرٌ | بىزنىڭ ئائىلىدە ئوقۇتقۇچىلار كۆپ |
| قِفْ | توختا | قِفْ! إِنَّ الْعَبْرَ مِنْ هُنَا مَمْنُوعٌ | توختا! بۇ يەردىن ئۆتۈش چەكلەنگەن |
| مَاءٌ | سۇ | لَا يَجُوزُ إِعْطَاءُ الْمَاءِ لِلْمَجَارِيحِ الْجُدُدِ | يېڭى يارىلانغانلارغا سۇ بېرىشكە بولمايدۇ |
| مَطَارٌ | ئايرودروم | أَيْنَ الْمَطَارُ؟ | ئايرودروم قەيەردە؟ |
| طَائِرَةٌ | ئايروپىلان | فِي أَيِّ سَاعَةٍ غَدًا تَعْلُو الطَّائِرَةُ؟ | ئايروپىلان ئەتە سائەت قانچىدە ئۇچىدۇ؟ |

# ئائىلىكى رېتسېپلار

## گىلاسنىڭ شىپالىق رولى

گىلاسنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى ئىنتايىن مول بولۇپ، ئۇ ھېموگلوبىننىڭ قايتا ھاسىل بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئارتېرىيە قېتىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ياللۇغلارنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىماللىقىنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىتىدۇ شۇڭا يۈرەك كېسەللىكى خەتەرلىرىنى تۆۋەنلىتىشتە پايدىلىق. ئۇنىڭ تەركىبىدە ۋىتامىن E مول بولۇپ، ئۇ دىئابىت كېسەللىرىنىڭ يۈرەك قان سىستېمىسىدىكى ئەگەشمە كېسەللىكلىرىنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ياردەم بېرىدۇ.

ئۇ ــ ھەزىم قىلىش ناچارلاشقان، پالەچ، رېماتىزمدىن بەل-پۇت ئاغرىيدىغان، تېنى ئاجىزلاشقانلارنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. قوقاغداپ كەتكەنلەر ۋە دىئابىت بىمارلىرى ئۇنىڭدىن پەرھىز قىلىش لازىم. گىلاسنى كۆپ يەۋەتسە ئاشقازان ئاغرىش، سېرىق سۇ يېنىش، ھەتتا قورساق ئاغرىش، ئىچ سۈرۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ شۇڭا ھەر كۈنى گىلاس يېگەندە 21 تال ئەتراپىدا تىزگىنلەش، ئاچ قورساق يېمەسلىك كېرەك.

ئىككى كىلوگرام گىلاسنى پاكىز يۇيۇپ، سۇ بىلەن 20 مىنۇت قاينىتىپ، ئۇنىڭغا يەنە بىر كىلوگرام ئاق شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ داۋاملىق قاينىتىپ، يېرىم سائەتتىن بىر سائەتكىچە قاينىغاندىن كېيىن سوۋۇتۇپ ھەر كۈنى 30 گرامدىن 40 گرامغىچە ئىچسە، قاننىڭ قايتا ھاسىل بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ (إن شاء الله)، قوشۇمچە تۆمۈر ماددىسى يېتىشمەسلىك خاراكتېرىدىكى كەم قانلىقنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.




1. تۆۋەندىكى تېپىشماقنى قېنى كىم تېز ھەم توغرا تاپالايدۇ؟

1) بىر يىل ئىچىدە 28 كۈنى بولغان ئايدىن نەچچىسى بار؟

2) ئىككى دادا ۋە ئىككى بالا ئاشخانىغا بىللە تاماق يېگىلى كىرىپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىر قاچىدىن تاماق يەپ، ئۈچ قاچا تاماق يەپ بولغاندا بۇيرۇتقان تامىقى تۈگەپ كېتىپتۇ. ئۇلار تاماقنى قانداق بۇيرۇتقان؟

2. تۆۋەندىكى ئىسلامىي تېپىشماقنى قېنى كىم توغرا تاپالايدۇ؟

بىر ئايال پەرز ناماز ئوقۇۋاتاتتى، بىر ئەر كىرىپ بىر سۆزنى قىلىشى بىلەن ئۇ ئايال نامازنى بۇزۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ئەر كىم؟ ئۇ ئايال كىم؟ ئۇ ئەر ئۇ ئايالغا نېمە دېگەن؟

ئالدىنقى ساندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابى:

1. ۋاقىت.

2. مەسجىدى زىرارنىڭ ئورنى. چۈنكى، ئۇ جايدا تاقىيامەتكىچە ناماز ئوقۇش چەكلەنگەن.

## ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىرىي تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تېببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەمىمىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالى نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته